# بەش تۈرلۈك ھايۋان بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناچاردۇر، ئۇلار ھەرەم دائىرىسىدىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ: قاغا، سار، چايان، چاشقان ۋە غالجىر ئىتتىن ئىبارەت

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ھايۋان بار بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناچاردۇر، ئۇلار ھەرەم دائىرىسىدىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ: قاغا، سار، چايان، چاشقان ۋە غالجىر ئىتتىن ئىبارەت» يەنە بىر رىۋايەتتە:«بەش تۈرلۈك ناچار ھايۋان بولۇپ ئۇلار ھەرەمدىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: قاغا، سار، چايان، چاشقان ۋە غالجىر ئىت قاتارلىق بەش تۈرلۈك ناچار خاراكتېرلىق جانلىقلارنى ھەرەمدە بولسۇن ياكى باشقا جايدا بولسۇن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى بۇ بەش تۈرلۈك ھايۋان باشقا جانلىقلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىن چىقىپ كەتكەن، بۇ جانلىقلارنىڭ يەتكۈزىدىغان ئەزىيەتلىرى تۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساناپ تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، بۇ ھايۋانلارغا ناچارلىق سۈپىتىدە ئوخشايدىغان باشقا ھايۋاناتلارمۇ ھۆكۈمدە ئۇلارغا قېتىلىدۇ، ئۇنى ھەرەم ساقلاپ قالالمايدۇ، ئىھرام توسۇپ قويالمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4543